# شەرئى ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]

پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلئۇسەيمىين

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى

نەشر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2014 - 1436

IslamHouse.com

# ما هو حكم طلب العلم الشرعي

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ محمد بن صالح العثيمين

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني

2014 - 1436

IslamHouse.com

# شەرئى ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

2009-2نومۇرلۇق سوئال
سوئال:
شەرئى ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ ھۆكمى قانداق؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.
جاۋاپ:
بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.
شەرئى ئىلىم ئۆگىنىش پەرزى كۇپايە بولۇپ، (جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىدىن چىققۇدەك ھالەتتە) بەزى كىشىلەرنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى بىلەن، باشقىلار ئۈچۈن سۈننەت بولىدۇ. بەزى ۋاقىتتا ئىنسان ئۈچۈن شەرئى ئىلىم تەلەپ قىلىش پەرزى ئەيىن بولىدۇ، يەنى شەرئى ئىلىم ئېلىش ۋاجىپ بولىدۇ.
شەرئى ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ ئۆلچىمى بولسا، ھەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىبادەت ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىنى توغرا شەكىلدە ئېلىپ بارالىغۇدەك بىر نەرسە بىلىشى كېرەك. يەنى ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەتنى قانداق قىلسا توغرا ئادا بولىدىغانلىقىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كىشىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولسا شەرئى ئۆلچەمگە چۈشىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى بىلىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلىملەرنى ئۆگىنىش بولسا پەرز كۇپايە ھېسابلىنىدۇ. ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى

ئىلىم تەلەپ قىلىۋاتقاندا ئۆز كۆڭلىدە مەن پەرز ئەمەلدىن بىرنى ئادا قىلىۋاتىمەن دېگەن تۇيغۇ بىلەن ئاللاھ تائالادىن ئۆزى ئادا قىلىۋاتقان ئەمەلنىڭ ساۋابىنى تىلەش بىلەن بىرگە ئىلىم ھاسىل قىلىشقا تىرىشىشى كېرەك.

ئىلىم تەلەپ قىلىش ئەمەللەرنىڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بەلكى ئىلىم تەلەپ قىلىش ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بولۇپمۇ ھازىرقىدەك ئىسلام دىيارلىرىدا بىدئەت-خۇراپات كەڭ تارقالغان، بىلىمسىزلىك، جاھىللىق يامرىغان، بىلىپ-بىلمەي ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىدىغان مۇپتىلار مەيدانغا چىقىۋاتقان، كىشىلەر ئارىسىدا بەس-مۇنازىرە، ئورۇنسىز تالاش-تارتىشلار ئەۋج ئىلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە شەرئىي ئىلىم تەلەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر. تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك ئىش مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن بۇنداق شارائىتتا ياشلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇشى كېرەك.

بىرىنچى: بىدئەت ئاشكارا بولۇپ ئۇنىڭ زىيىنى كەڭ تارقىلىشقا باشلىغاندا.

ئىككىنچى: كىشىلەر ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىشكە يۈزلەنگەندە.

ئۈچىنچى: بىلىم ئىگىلىرى ئۈچۈن ئايدىڭلىشىپ بولغان مەسىلىلەردە، شەرئى بىلىم ساھىبى بولمىغان كىشىلەر ئارىسىدا مەزكۇر مەسىلە توغرىسىدا ئورۇنسىز تالاش-تارتىش ئوتتۇرىغا چىققان پەيتلەردە.

شۇ سەۋەپتىن بىز نەزەر دائىرىسى كەڭرى، ئىلمى چۈشەنچىسى مول، دىننى ياخشى چۈشىنىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى ئىلمى-ھېكمەت بىلەن توغرا يولغا باشلايدىغان بىلىملىك

ئالىملارغا بەك ئېھتىياجلىق. چۈنكى ھازىر كۆپچىلىك دىنى مەسىلىلەر جۈملىسىدىن بولغان مەلۇم مەسىلىلەرنى نەزەرىيە تەرەپتىن چۈشىنىدۇ، ئۇلار ئۇچۇن ئومۇمى خەلقنى ئىسلاھ قىلىش ۋە توغرا شەكىلدە تەربىيىلەش مۇھىم ھېسابلانمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشى ۋە ئازغىنە بىلىمگە تايىنىپ، تۈرلۈك پەتىۋالارنى بېرىش ئارقىلىق ئاقىۋىتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئىشلارغا سەۋەپ بولۇپ قالىدۇ. [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلئۇسەيمىين پەتىۋالىرى "كىتابۇل ئىلىم" 23-بەت].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.